# 37055 - ئىھرامغا كىرىپ بولۇپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شەرت قىلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

## سوئال

مەن ئىھرامغا كىرىدىغان ۋاقىتتا: "مەن قەيەردە توسۇلۇپ قالسام، شۇ يەر مېنىڭ ئىھرامدىن چىقىدىغان ئورنۇم "دەپ شەرت قىلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بۇنى مەككىگە كىرگەندە ئېسىمگە ئالدىم، ۋە بۇ سۆزنى دېدىم، مۇشۇنداق شەرت قىلىشىم توغرىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

بۇنداق شەرت قىلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى شەرت دېگەن ئىھرامغا كىرىشنى مەقسەت قىلىش بىلەن بىرگە بولىدۇ، ئىھرامغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن بولمايدۇ.

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھدىن: ئىھرامغا كىرىپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شەرت قىلسا بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، شەيخ: "ئۇنداق قىلىش توغرا بولمايدۇ، ھەقىقەتەن شەرت قىلىش دېگەن ئىھرامغا كىرىشنى دىلى بىلەن نىيەت قىلغاندا بولىدۇ دېگەن". ["شەيخ بىن باز پەتىۋالىرى"17-توم 73-بەت].